مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىپ

ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى ئاساسىي قاتلام لېكسىيە سۆزلەش تايانچىلىرىنى تەربىيەلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بېيجىڭدا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى، يەرلىك لېكسىيە سۆزلەش تايانچىلىرىنى تەربىيەلىدى، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئاساسىي قاتلامدا لېكسىيە سۆزلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى، مەركەز لېكسىيە ئۆمىكى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى، ھەم ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى تەتقىق قىلىش، بايان قىلىش، ئاساسىي قاتلامدا نەزەرىيەدىن لېكسىيە سۆزلەشنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزدى، پىكىر ئالماشتۇردى.

كۆپچىلىك مۇنداق قارىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدىغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقاندا ئېچىلغان بىر قېتىملىق پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم يىغىن. ئومۇمىي يىغىندا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «تەكلىپ»كە ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئۆزگىرىش ياساپ قۇدرەت تېپىش روھى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن، نەزەرىيە، تۈزۈم، ئەمەلىيەتنىڭ ھەممىسىدە يېڭى مۇھىم بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىلدىكى دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتمىسى.

كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى، شۇنداقلا تەشۋىقات، ئىدىيە سېپى جەزمەن زىممىسىگە ئالىدىغان مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت. ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئومۇمىي يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە ئومۇمىي يىغىن «تەكلىپ»نى نۇقتىلىق چۆرىدەپ ئەينەن ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى تىرىشىپ ئىگىلەش كېرەك. يەرلىكتىكى سىياسىي ساپاسى ياخشى، نەزەرىيە سەۋىيەسى يۇقىرى، لېكسىيە سۆزلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك قابىل كۈچلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلەنگەن ئوبيېكتلاشتۇرۇلغان، ھەمتۇرتكىلەشتۇرۇلگەن لېكسىيە سۆزلەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، بولۇپمۇ ياشلار توپىغا قارىتىلغان لېكسىيە سۆزلەش ۋە ھەمتۇرتكىلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. لېكسىيە سۆزلەش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى تاراتقۇلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، لېكسىيە سۆزلەشنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش كېرەك. كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتى، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ باغلاپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك، جانلىق تىل ئارقىلىق تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياخشى سۆزلەپ، كەلگۈسى مەنزىلنى ياخشى سۆزلەپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچنى ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇجەسسەملەش كېرەك.

ھەرقايسى جايلارنىڭ پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات تارماقلىرىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىرى، نەزەرىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىرى، ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر ۋە نەزەرىيە خىزمىتى سېپىلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئاساسىي قاتلامدىكى نەزەرىيەدىن لېكسىيە سۆزلەشتىكى ئىلغارلار ۋەكىللىرى مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى.

پەيزاۋات ناھىيەسى:

كۆچنى مۇجەسسەملەپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى چىن ھېسسىيات بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىخەتەر، ساغلام ئىچىدىغان سۇ پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى كەڭ دېھقانلار، بولۇپمۇ نامرات نوپۇسلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ھازىر، نۇرغۇن دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئايلىق سۇ ئىشلىتىش خىراجىتى بىر تۇڭ ساپ سۇنىڭ پۇلىغىمۇ يەتمەيدۇ. سۇ سۈپىتى ياخشىلاندى، بەدەن ساپاسى ياخشىلاندى، ياشلار سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەندە ياكى ئائىلىسىدە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا غەيرەتكە تولدى.

پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جيا جۈخۇ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى، دېدى.

كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش نامراتلىق يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىدى

پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا كىرگەندە، مۇخبىرلار يول، كۆكەرتىش بەلبېغى، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەل ئىكەنلىكىنى، دەرۋازا يېنىدا ناۋايخانا قاتارلىق دۇكانلارنىڭ بارلىقىنى، بىنالارنىڭ شەكلى ۋە رەڭگىنىڭ دەۋر پۇرىقىغا تولغانلىقىنى كۆردى...

«ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ـ كېلەلەيدىغان، مۇشۇنداق ياخشى ئۆيلەردە تۇرالايدىغان، مۇشۇنداق ياخشى مۇھىتتىن بەھرىلىنەلەيدىغان بولدۇق، بىز بۇنى ئىلگىرى ئويلاپمۇ باقمىغان!» دېدى ئورۇنلاشتۇرۇلغان 62 ياشلىق ئاھالە قۇربان روزى مۇخبىرلارغا. بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، بۇ ناھىيەدىكى شېكەركۆل بازىرىدا 6.4 بال يەر تەۋرەپ، قۇربان ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 239 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئۆزى سالغان 524 ئېغىز ئۆيى ھەم بىر قىسىم قوتان، لاپاس، ھويلا تېمى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى.

ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى خاتىرجەم، ئازادە تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئاپەت سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، پەيزاۋات ناھىيەسى 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، يېڭىدىن ئالتە بىنا 220 يۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆيى ۋە بىر مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى سالدى، 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كۆچۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى كۆچۈپ كىردى.

«ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە يادرولۇق كۆرسەتكۈچى بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. پەيزاۋات ناھىيەسى يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدىغان بەلباغقا تەۋە بولۇپ، يېزىلاردا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ناھايىتى مۇھىم. 2011 ـ يىلدىن بۇيان، پەيزاۋات ناھىيەسى جەمئىي 95 مىڭ يۈرۈش ئەمىن ئۆي سېلىپ، يېزا نوپۇسىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى بىلەن تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

2018 ـ يىلى، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسى ئاياقلەڭگەر كەنتىدىكى نامرات ئاھالە كېرەم سايىمنىڭ ئائىلىسى كەڭ، ئازادە ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن بولۇپ، ھويلىسىدا تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق بۇلتۇر پۈتۈن ئائىلە بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كىرىمنى مۇقىم ئاشۇردى

«2016 ـ يىلى مەن ھەقسىز تەربىيەلەشكە قاتناشقاندىن كېيىن تامچى بولۇپ، بىر كۈندە 100 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپىدىغان بولدۇم؛ 2017 ـ يىلى مەن قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىللەپ قۇرۇپ، 20 نەپەر نامرات ئەمگەك كۈچىنىڭ ئۆي سېلىپ پۇل تېپىشىغا تۈرتكە بولدۇم؛ 2019 ـ يىلى مەن كەنتتىكى ئېگىلىك تىكلەش كىچىك بازىرىدا يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى تاللا بازىرى ئاچتىم.» بۇ بىرنەچچە يىلدا، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىلسۇ يېزىسى كۆتەمە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قۇربان پەتتار ئائىلىسىنىڭ كىرىمى كۈنسېرى ياخشىلاندى.

بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. 2014 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيەسىدە نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 31.2% ئىدى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ناھىيە بويىچە نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 3.8%كە تۆۋەنلىدى. ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ بىۋاسىتە بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش شەكلى دەل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپەيتىش بولدى.

نانچىلىق كەسپى، شىنمېيچىلىق كەسپى، قوغۇنچىلىق كەسپى، توقۇمچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى قاتارلىق كەسپلەرنىڭ گۈللىنىشى زور مىقداردىكى يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. پەيزاۋات ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر لى چاڭچىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: پۈتۈن ناھىيەدىكى دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، يېزا ـ كەنتلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىلا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات ئاھالە يېرىمىدىن ئىگىلىدى.

بۇ ناھىيەنىڭ شاپتۇل بازىرى مىلىك كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق نۇرمەمەت ئادىل 2019 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پەيزاۋات ناھىيەسى سانائەت باغچە رايونىدا كىيىم ـ كېچەك پىششىقلايدىغان بىر كىشىلىك خىزمەت تاپتى، پىراكتىكا مەزگىلى توشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايلىق كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 4000 يۈەنگە يەتتى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دېدى: «ئىشىك ئالدىدىلا ئىشلىگەچكە، پۇل تېپىش، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە دەخلى يەتمىدى، ئىلگىرى ھەر تەرەپكە قاتراپ پارچە ـ پۇرات ئىشلەپ يۈرگەندىن كۆپ ياخشى».

بۇ يىل، پەيزاۋات ناھىيەسى تۈر قۇرۇلۇشى، كارخانا، ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردە 47 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى ئېچىپ، ھەممە ئائىلىنىڭ چىقىش يولى بولۇش، ھەممە ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇش، ھەر ئايدا كىرىمى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، رايىدە، ۋاڭ جېن، ياڭ ۋېي)

---

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

يېزا ـ كەنت ساياھىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رىن جياك** خەۋەر قىلىدۇ: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز «شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردى، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىپ، كەسىپلەرنىڭ يادرولۇق ئۇل قۇرۇلمىسى شەكىللىنىپ، كەسىپ كۆلىمى كۈنسېرى زورايدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ـ كەنت ساياھىتىنىڭ كەسىپ ئاساسى، كەسىپ كۆلىمىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭدا دېھقانلار(چارۋىچىلار) ئارامگاھى 8000دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇلتۇز دەرىجىلىك دېھقانلار(چارۋىچىلار) ئارامگاھى 1845 بولۇپ، «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدىكى 1355تىن 40%كە يېقىن كۆپەيدى، بەش يۇلتۇز دەرىجىلىك دېھقانلار(چارۋىچىلار) ئارامگاھى، تۆت يۇلتۇز دەرىجىلىك دېھقانلار(چارۋىچىلار) ئارامگاھى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 95.8%، 156.8% كۆپەيدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز گوۋۇيۈەن بېسىپ تارقاتقان «ساياھەت سېلىنمىسى ۋە ئىستېمالىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر»نى يېتەكچى قىلىپ، ساياھەت كەسىپ زەنجىرىنى بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ھەرقايسى جايلار سىياسەت، تەدبىر قاتارلىقلارنى پائال ئوتتۇرىغا قويۇپ، خاس ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغاچقا، پۇقراۋى قونالغۇ كەسىپىدە «سان، سۈپەتتە قوش ئېشىش» ھالىتى نامايان بولدى. 2019 ـ يىلدىن باشلاپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ھەر يىلى 10 مىليون يۈەنلىك ساياھەت تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلدى ھەم سىياسەت چىقىرىپ، جەمئىيەت كاپىتالىنى ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇ كەسىپىنىڭ تەرەققىياتىغا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇردى؛ ئالتاي ۋىلايىتى «ساياھەت كەسىپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى سەككىز تۈرلۈك تەدبىر»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا پۇقراۋى قونالغۇدىن 4547سى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 2019 ـ يىلى قۇرۇلغىنى 2003، بۇ يىل 2803نى قۇرۇش پىلانلاندى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزا ـ كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت 33كە، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت 70كە يەتتى، يەنە زور بىر تۈركۈمدىكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىستراھەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ـ كەنت ساياھىتىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىستراھەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ـ كەنت ساياھىتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قاتارلىقلار بار. يېزا ـ كەنت ساياھىتىنىڭ ئاساسى كۈنسايىن پۇختىلىنىپ، كەسىپ كۆلىمى سىجىل كېڭىيىپ، تەرەققىيات سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، ساياھەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سانى ۋە ساياھەت كىرىمىنىڭ تېز ئېشىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى. 2019 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 93 كەنت پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزا ـ كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت بەرپا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، 13 مىڭ 375 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، 10 مىليون 340 مىڭ ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىپ، 400 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ساياھەت ئىستېمالىغا تۈرتكە بولدى. 2020 ـ يىلى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 160 كەنت ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت بەرپا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، 24 مىڭ 333 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، مۆلچەرلىنىشچە، يىلدا 18 مىليون 220 مىڭ ئادەم قېتىم ساياھەتچىنى كۈتۈۋالىدىكەن، مۆلچەرلىنىشچە، 700 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ساياھەت ئىستېمالىغا تۈرتكە بولىدىكەن.



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ مۇزېي ئىشلىرى سان، سۈپەتتە تەڭ يۈكسەلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ خېيىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلەت شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياخشى ساقلاپ، بىر تۈركۈم ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، مۇزېيلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، تېخىمۇ كۆپ ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا «جان كىرىپ»، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىنىپ، ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلەت 2 مىليارد 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا ئىشلەتتى. «دۆلەت تارىخىي ئەسلىمىلەر قورۇلۇشى» ۋە «دۆلەت قىزىل ئەسلىمىلەر قورۇلۇشى»نى ئالغا سىلجىتىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سەددىچىن سېپىلى تۇر خارابىلىرى، كارىز قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشىدىن 100دىن ئارتۇق تۈرنى يولغا قويدى، نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خارابىسى بولغان يارغول قەدىمىي شەھىرى، بېشبالىق قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق كۆرگەزمە قىلىش ـ پايدىلىنىش قۇرۇلۇشىدىن 30دىن ئارتۇق تۈرنى قانات يايدۇردى، «جۇڭگو ئارخېئولوگىيەسى» شىنجاڭ ئالدىن يولغا قويۇش تۈرىدىن 40 نەچچە تۈرنى ئالغا سىلجىتتى، نەچچە مىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قېزىپ چىقتى. 2017 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تۈرى بولغان جىمسەي تۆكتىيەندۇڭ خارابىسى، جىرىنتاي جىلغىسى ئېغىزى خارابىسى، كۆچۈك شىچېڭزى خارابىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى بايقاش»قا تاللىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە مۇھىم، زور تەسىر قوزغىدى.

2017 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون ھەر يىلى 22 مىليون 800 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قارىغۇچىلارنىڭ مەخسۇس خىراجىتى قىلىپ، دالىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چارلاپ تەكشۈرۈش قىيىن بولۇش، قاراش قىيىن بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، كىرورەن قەدىمىي شەھىرى، كېرىيە دەرياسى ئېقىن رايونى قەدىمىي خارابىسى قاتارلىق دالىدىكى بىر تۈركۈم ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرىنى «قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى».

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مۇزېيلارنىڭ كۆلىمى ۋە ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى. نۆۋەتتە، 370 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ 2 ـ قارارلىق ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مۇزېينىڭ يېڭى سارىيى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇزېينىڭ يېڭى سارىيى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مۇزېينىڭ يېڭى سارىيى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن پۈتتى. لوپ ناھىيەسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى، ماناس ناھىيەسى قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەر كەينى ـ كەينىدىن يېڭىدىن مۇزېي سالدى ياكى مۇزېينى كېڭەيتىپ سالدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مۇزېي 2016 ـ يىلدىكى 82دىن بۇ يىلقى 92گە كۆپەيدى، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرنى مۇزېي بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقى 450 مىڭغا، سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خارابە نۇقتىسى 95كە يەتتى. بۇ ئەتىۋارلىق تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

نۇرغۇن تارىخىي مەدەنىيەت خارابىلىرى مەدەنىيلىككە ۋارىسلىق قىلىشتىكى مۇھىم ۋاستە بولۇپلا قالماي، يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسىغا ئايلاندى، بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ مۇھىمى ساياھەتچىلەرنىڭ ئىنتايىن ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن قىزىق نۇقتا مەنزىرە رايونى ۋە ۋاڭخۇڭ داكا جايغا ئايلاندى.


“十三五”期间
国家投入22亿多元用于新疆文物保护
先后实施文物保护工程100余项
开展重点文物遗址展示利用工程30余项
推进“考古中国”新疆先行项目40余项

□制图/新疆日报视觉中心 陈 潇

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)